# ئەي ئىنسانلار! دىندا ھەددىدىن ئاشۇرىۋېتىشتىن ساقلىنىڭلار، سىلەردىن ئىلگىرىكى كىشىلەر دىندا ھەددىدىن ئاشۇرىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن ھالاك بولۇپ كەتتى

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام شەيتانغا تاش ئاتىدىغان كۈنى ئەتىگەندە تۆگىسىدە ئولتۇرۇپ:«ماڭا تاش تېرىپ بەرگىن» دېدى، مەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا پىندىقتەك چوڭلۇقتا يەتتە تاش تېرىپ بەردىم، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇ تاشلارنى ئالقىنىدا قويۇپ:«مۇشۇنىڭغا ئوخشاش تاشلارنى ئېتىڭلار» دېدى. ئاندىن مۇنداق دېدى:«ئەي ئىنسانلار! دىندا ھەددىدىن ئاشۇرىۋېتىشتىن ساقلىنىڭلار، سىلەردىن ئىلگىرىكى كىشىلەر دىندا ھەددىدىن ئاشۇرىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن ھالاك بولۇپ كەتتى».

[تېكىست توغرا] [ئىبنى ماجە، نەسائى ۋە ئەھمەد رىۋايەت قىلغان]

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋىدالىشىش ھەججىدە چوڭ شەيتانغا تاش ئاتىدىغان قۇربان ھېيت كۈنى ئەتىگەندە ئۆزىنىڭ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە ئىكەنلىكىدىن خەۋەر بېرىدۇ. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇنى شەيتانغا ئاتىدىغان تاشنى تېرىشكە بۇيرىدى، ئۇ يەتتە تال تاش تېرىپ كەلدى، ئۇ تاشلارنىڭ ھەجمى پىندىقدەك ياكى نوقۇتتەك چوڭلۇقتا ئىدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام ئۇ تاشلارنى ئالقىنىدا قويۇپ، ئاندىن ئۇنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ مۇنداق دېدى: «چوڭ-كىچىكلىكى مۇشۇنداق تاشلارنى ئېتىڭلار». ئاندىن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام دىنى ئىشلاردا چەكتىن ئاشۇرىۋېتىش، قاتتىقلىق قىلىش ۋە بەك ئاشۇرىۋېتىشتىن ئاگاھلاندۇرۇپ، ئىلگىرىكى ئۈممەتلەرنىڭمۇ دىنى ئىشلاردا بەلگىلىمىدىن ئۆتۈپ كېتىپ، قاتتىقلىق قىلىپ چەكتىن ئاشۇرىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن ھالاك بولغانلىقىنى بايان قىلىپ بەردى.

https://www.sunnah.global/hadeeth/ug/show/3395

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee